# 106467 ـ ئاشقازان يارىسى كېسىلىگە گىرىپتار بولغۇچىغا دوختۇرلار روزا تۇتماسلىقنى تەۋسىيە قىلسا قانداق قىلىشى كېرەك

**سۇئال**

سەككىز يىلدىن بېرى ئاشقازان يارىسى كېسىلى سەۋەبلىك داۋالىنىۋاتقان بولۇپ، كېسەلنىڭ ئېغىرلىشىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، دوختۇرلار روزا تۇتماسلىقىقا تەۋسىيە قىلغان بولسا، بىمار قانداق قىلىشى كېرەك؟، بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

**تەپسىلى جاۋاپ**

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

"بىمارنىڭ كېسەللىك ئەھۋالى يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك بولسا، ئۇ كىشىنىڭ رامىزاندا روزا تۇتماستىن ئېغىز ئېچىشى دۇرۇس بولىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ساقىيىشىدىن ئۈمىد بولسا، شىپالىق تاپقاندىن كېيىن تۇتالمىغان روزىنىڭ قازاسىنى قىلىدۇ، ئەمما كېسەلنىڭ ساقىيىشىدىن ئۈمىد بولمىسا، رامىزان ئېيىدا تۇتالمىغان روزىسىنىڭ ھەر كۈنى ئۈچۈن بىر مىسكىن (كەمبەغەلگە) بىر كۈنلۈك يېمەك بېرىدۇ". تۈگىدى.